# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

سىياسىدا كۈچلۈك، كەسپتە قابىل، ئىستىلى ياخشى كادىرلارنى تاللاپ پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتىگە قويۇپ، پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى شۇجىلىرىغا بولغان تەلىم - تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئورگان پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تۇتۇشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇپ، كۈچەپ نەمۇنىلىك ئورگان، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن بەرپا قىلىشى كېرەك. ئورگان پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)لىرى ئۆز ئورنىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك، پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)لاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، بەنزىدىكى باشقا ئەزالارنى يېتەكلەپ «بىر ئىش ئورنى قوش مەسئۇلىيەت»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئورگان خىزمەت كومىتېتلىرى بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)لارنىڭ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى تەتقىق قىلىپ تۈزۈش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيەنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، تىزگىنلەش كۈچى، تەسىر كۈچى، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت كاپىتالىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلەت كارخانىلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى ۋە سىياسىي ئاساسى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشىدىكى مۇھىم تىرەك ۋە تايانچ كۈچ. پارتىيەنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەشكىلىي جەھەتتە، تۈزۈم جەھەتتە، مېخانىزم جەھەتتە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانا پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لىرىنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى باشقۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن شىركەت ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى شىركەت ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى شىركەت ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شىركەت قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى ئىچىدىكى قانۇندا بېكىتىلگەن ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لىرىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشكىللەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش، كونكرېتلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەگە سادىق، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق ياراتىدىغان، كارخانىنى ئىدارە قىلىشتا تەدبىرلىك بولغان، كارخانىنى گۈللەندۈرۈشتە نەتىجە يارىتىدىغان، پاك - دۇرۇس بولغان يۇقىرى ساپالىق، كەسپلەشكەن دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملار قوشۇنىنى كۈچەپ قۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتى ئىش ئورنىنى كارخانىلارنىڭ بىرىكمە تىپتىكى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم سۇپا قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئۇل سېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتكە مۇلازىمەت قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىشتىكى كۈچەش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان قىلىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ئۇدا سەككىز ئاي ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

سودا شەكلىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى ئون ئايدا، شىنجاڭنىڭ چېگرا ئاز سوممىلىق سودا ئىمپورت - ئېكسپورتى 79 مىليارد 70 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22.6% ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئالتە ئۈلۈشىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن؛ ئادەتتىكى سودا شەكلىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت 42 مىليارد 810 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.6% ئاشقان؛ تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش رايونى ئىچىدىكى ئەشيا ئوبوروتى مال ئىمپورت - ئېكسپورتى 4 مىليارد 390 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 254% ئاشقان؛ چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆتۈشمە بازار ئىمپورت - ئېكسپورتى 110 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 112% ئاشقان.

سودا قىلىنغان دۆلەتلەردىن قارىغاندا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆت ئۈلۈشتىن ئېشىپ، قازاقىستاننىڭ شىنجاڭنىڭ بىرىنچى چوڭ سودا ھەمراھلىق ئورنى داۋاملىق مۇقىم بولغان. ئالدىنقى ئون ئايدا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورتى 60 مىليارد 220 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.2% ئاشقان؛ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورتى 19 مىليارد 50 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20.5% ئاشقان. ئوخشاش مەزگىلدە، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورتى 3 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 47.3% ئاشقان؛ ئاۋستىرالىيە، پاكىستان، ئەنگلىيە، ئارگېنتىنا، ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت شىددەت بىلەن ئېشىپ، سودا ئوبيېكتلىرى كۆپ مەنبەلىشىش ۋەزىيىتى نامايان بولغان.

تاۋار تۈرلىرىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتىنىڭ ئېشىشى كۆرۈنەرلىك بولغان، ئېكسپورت قىلىنغان كىيىم - كېچەك ھەم كىيىم - كېچەك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى 26 مىليارد 440 مىليون يۈەن بولۇپ، 17.8% ئاشقان.

كارخانا تۈرىدىن قارىغاندا، خۇسۇسىي كارخانىلار داۋاملىق ئاساسىي رول ئالغان. ئالدىنقى ئون ئايدا، شىنجاڭ خۇسۇسىي كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورتى 98 مىليارد 370 مىليون يۈەن بولۇپ، 22.4% ئېشىپ، شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 74.8%ىنى ئىگىلىگەن.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى ئون ئايدا شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ ئېشىشى سودا قۇرۇلمىسى ھەمدە دۆلىتىمىز ۋە ياۋروپا، ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تىجارەت سودا مۇھىتىنىڭ سىجىل ئەلالىشىشىدىن بولغان. شىنجاڭنىڭ سودا قۇرۇلمىسىدا ئادەتتىكى سودا نىسبىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆسۈپ، ئىمپورت - ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىش ۋەزىيىتى نامايان بولغان، بۇ شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئاساس سالغان. ئالدىنقى ئون ئايدا، شىنجاڭ كارخانىلىرى ئېكسپورت قىلغان ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى 598 مىڭ توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.0% تۆۋەنلىگەن، مال قىممىتى 26 مىليارد 590 مىليون يۈەن بولۇپ، 34.7% ئاشقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشتا تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش روشەن بولۇپ، قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىشى كۆرۈنەرلىك بولغان؛ ئىمپورت جەھەتتە، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار، داۋالاش ئەسۋابلىرى ھەم ئۈسكۈنىلىرى ۋە سۇ، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئىمپورتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 14.4%، 59.7%، 3.3 ھەسسە ئاشقان.

# مەسىلىنى بىر تۈر، بىر تۈردىن ھەل قىلىش ئەمەلىي ئىشنى بىر - بىرلەپ ياخشى قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەرىكەت ھالىتىدە پەرۋىش قىلدى؛ «ئالاقە تورى+» باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئېلېكترونلۇق كېسەللىك مىسالى، كېسەللىك تىزىملىكى قاتارلىق ئۇچۇر ئامبارلىرىنى قۇردى؛ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈر مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنىڭ «مەركەزلىك دورا يېيىش + ھەقسىز ئوزۇقلۇق ناشتىلىقى»نى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قوللاشقا ئىشلەتتى؛ ئاغرىقلار رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، ئامبۇلاتورىيە، دوختۇرخاندا يېتىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بىر قاتار ئۈنىۋېرسال تەدبىر ئارقىلىق، ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن پۈتۈن تەرتىپلىك داۋالاش، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنىڭ ساقىيىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى.

يېڭىشەھەر ناھىيەسى باش تېما تەربىيەسىدە، «ئەمەلىي» بولۇشنى ئاساس قىلىش، «ئىنچىكە» نۇقتىلاردىن كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى باش تېما تەربىيەسىگە سىڭدۈردى. «باش تېما تەربىيەسىنى قەلبكە سىڭدۈرۈش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختا قىلىشتا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن دىققەتنى ئامما ئالدىرىغان، غەم قىلىدىغان، ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بىز مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، 24 سائەت ئاممىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئامما غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى ھەقىقىي ياخشى قىلدۇق» دېدى يېڭىشەھەر بازىرى چېڭدۇڭ يېڭى رايونى مەھەللە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ چيەنكۈن.

شىپ جۈنمېي يېڭىشەھەر ناھىيەسى يېڭىشەھەر بازىرى چېڭدۇڭ يېڭى رايونى مەھەللىسى خەنلىن شىجيا ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى، ئۆيىدىكى توك سائىتىنىڭ كەيگۈەنى دائىم سەكرەپ كېتىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلگەندى، مەھەللە باشقۇرۇش كومىتېتى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ توك يولىنى رېمونت قىلىپ بەردى. شىپ جۈنمېي مۇنداق دېدى: «مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيەسى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، مەن ئىنتايىن رازى بولدۇم».

كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ تېرىم يېزىسى باش تېما تەربىيەسىدە تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىپ، ئىشلىك ئالدىغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ دېھقانلار بىلەن يۈزتۇرا سىردىشىش، ئائىلىلەردە تۇرۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي تۈزىتىپ، تارىختىن قېپقالغان 107 ئائىلىنىڭ ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدىكى «ئايىغى چىقمىغان» قۇرۇلۇشلارنى گۈزەل، رەتلىك، پاكىز، ياشاشقا باب كېلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«مەن دائىم سىرتتا ئىشلەيمەن، ئەمىن ئۆي پۈتكەندىن كېيىن كىرىپ ئولتۇرۇپ باقمىغانىدىم. بۇ بىرنەچچە كۈندە، كەنت كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ ئۆيۈمنىڭ سۇ، توكىنى ئۆزگەرتىپ، ھويلا - ئارانلىرىنى رەتلەپ بەردى، ناھايىتى تەسىرلەندىم» دېدى تېرىم يېزىسى يۇلغۇنبوغرا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلەت سادىق خۇشال ھالدا.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شيا چىڭ، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ جىخېك، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ما لۇڭ يازغان)**

**پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى سىياسىي - قانۇن، بىرلىك سەپ، ئەرزىيەت سىستېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

## قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي - قانۇن، بىرلىك سەپ، ئەرزىيەت سىستېمىسىدىكى كادىرلارغا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

ۋاڭ جۈنجېڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، باش نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى توغرا ئىگىلەش» «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن لېكسىيە سۆزلىدى.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قانۇنچىللىق ئىدىيەسى ۋە تۈزۈم ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە تۈزەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي - قانۇن قوشۇنىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئۇل تېشىنى پۇختىلاش كېرەك.

لېكسىيە سۆزلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋاڭ جۈنجېڭ شىنجاڭ ساقچى شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەبىئىي بايلىق سىستېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

## تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى ھەم ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارغا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى بەردى.

جاڭ چۈنلىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق ئاساسىي مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈردى ھەم تەبىئىي بايلىق سىستېمىسىدىكىلەرگە ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ چۈنلىن مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەبىئىي بايلىق سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باشتىن - ئاخىر دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ھەقىقىي تۈردە تەبىئىي بايلىقلاردا «ئىككىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» يادرولۇق ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە دۆلەت زېمىنىنى تەكشۈرۈش، قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش، ئېچىش قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.